دادىل ئوتتۇرىغا چىقىش

ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى:

# شىنجاڭ خەلقىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنىدىغان بارلىق سۇيىقەستلەر جەزمەن بېتچىت قىلىنىدۇ

شىنجاڭ جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم، ئىقتىساد سىجىل تەرەققىي قىلىۋاتقان، خەلق خاتىرجەم ياشاۋاتقان ئەڭ ياخشى تەرەققىيات مەزگىلىگە كىرگەن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇپ، ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقان، دەۋر تەرەققىياتىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇۋاتقان، گۈزەل يۇرت ـ ماكانىنى ئورتاق قۇرۇۋاتقان ئەڭ ياخشى تارىخىي باسقۇچتا، شۇ جاي ۋاقتى 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى جۇڭگونىڭ قارشى تۇرۇشىغا قارىماي، ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى جاھىللىق بىلەن ماقۇللاپ، شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېررورىزمغا زەربە بېرىشتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى بۇرمىلاپ، قارا چاپلاپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى ئاساسسىز ئەيىبلەپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى، بۇ خەۋەر شىنجاڭدىكى 12 مىليوندىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئاياللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق خەلقنىڭ كۈچلۈك غەزىپىنى قوزغىدى!

تېررورىزم ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى، خەلقئارا جەمئىيەت ئورتاق زەربە بېرىدىغان ئوبيېكت. شىنجاڭ جۇڭگونىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇشتىكى ئاساسىي جەڭ مەيدانى بولۇش سۈپىتى بىلەن، 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن بۇيان، خەلقئارا ۋەزىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئەسەبىيزم ئىدىيەسى ئۈزلۈكسىز يامرىدى، «ئۈچ خىل كۈچ» شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردا نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى(ۋەقەسى) سادىر قىلدى، نۇرغۇن بىگۇناھ ئامما زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى، نۇرغۇن ئائىلىلەر بۇ سەۋەبتىن جەم بولالمىدى، نۇرغۇن تىرىك جان بۇنىڭلىق بىلەن ھاياتىدىن ئايرىلدى، ئەسەبىيزم ئىدىيەسى ئاق كۆڭۈل، ساددا ئاممىنىڭ جىسمىنى، روھىنى خالىغانچە يۇتۇپ كەتتى، يېزا ـ كەنتلەر ئىلگىرىكى ناخشا ساداسى ۋە خۇشاللىق كۈلكىلىرىدىن مەھرۇم بولدى، ئاياللار گۈزەل چىرايى ۋە كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتىدىن مەھرۇم بولدى، بالىلار مەكتەپكە بېرىش ۋە يارامىلىق ئادەم بولۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولدى... تېررورىزم، ئەسەبىيزمنىڭ رېئال تەھدىتىگە قارىتا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇرۇپ، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى كۆپ يۈزبېرىش، ئۈزۈلمەي يۈزبېرىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، ھەر مىللەت خەلقنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقىغا قانۇن بويىچە كاپالەتلىك قىلدى، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى(ۋەقەسى) يۈزبەرمىدى، ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچىيىپ، «گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش، ۋەتەن ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇش»قا بولغان ئىشەنچى تولۇپ تاشتى.

ۋەتەن قويندا ياشاۋاتقان ھەر مىللەت ئاياللار ئاممىسى چەكسىز بەخت ۋە ئىپتىخارلىققا چۆمدى! «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»دىن يېڭى جۇڭگونىڭ تۇنجى قانۇنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۆيلىنىش قانۇنى»غىچە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئانا ـ بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش قانۇنى»دىن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى» قاتارلىقلارغىچە ئاياللارنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مائارىپ، ساغلاملىق قاتارلىق ھەرقايسى جەھەتلەردىكى ھوقۇق ـ مەنپەئىتى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلدى. 70 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو ئاساسىي قانۇننى ئاساس، ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، 100دىن ئارتۇق يەككە قانۇن ـ نىزامنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇن سىستېمىسىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈردى ھەم مۇكەممەللەشتۈردى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش نىزامى» قاتارلىق قانۇن، قانۇن ـ نىزاملارنى چىقىرىپ، قىسمەن يەرلىك نىزاملارغا ئاياللار ـ بالىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداشقا دائىر ماددىنى ئايرىم كىرگۈزدى. قانۇن، قانۇن ـ نىزاملارنىڭ قوغدىشى ئاستىدا، ئاپتونوم رايون 90 ـ يىللاردىن باشلاپ ئۈچ نۆۋەت «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاياللار تەرەققىيات پروگراممىسى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بالىلار تەرەققىيات پروگراممىسى»نى يولغا قويۇشقا باشلىدى. 2018 ـ يىلى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ھامىلدار، تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى 2003 ـ يىلدىكى 100 مىڭ/163تىن 100 مىڭ/26.65كە تۆۋەنلىدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە توي قىلىش ئالدىدىكى تېببىي تەكشۈرتۈش نىسبىتى 92.45%كە يېتىپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇردى؛ پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەت ئايال كادىرلار پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئايال كادىرلارنىڭ 66%تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى؛ ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى 20%كە يەتمەسلىكتىن ھازىرقى توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ تولۇق قاپلىشى، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۈچ يىللىق يەسلى مائارىپى ۋە 12 يىللىق ئاساسىي مائارىپنىڭ تولۇق قاپلىشى ئىشقا ئېشىپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدىكى جىنسىي پەرق نىسبىتى ئاساسىي جەھەتتىن تەڭلەشتى؛ ئاياللار ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىپ، ئىشسىزلىق ۋە ئىشتا يارىلىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئادەم سانى ئومۇمىي سانىنىڭ 42.07%نى ئىگىلىدى، ئىشقا ئورۇنلاشقان ئادەم سانى يېرىمىنى ئىگىلىدى... شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاياللار، ئاچا ـ سىڭىللار ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق دېموكراتىك ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى باراۋەر، قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈپ، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا باراۋەر قاتنىشىپ، ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن باراۋەر بەھرىمەن بولۇپ، جەمئىيەتتىكى ئورنىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈزبەردى، خوجايىنلىق ئورنى تېخىمۇ گەۋدىلىنىپ، ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۈنسايىن ئاشتى.

ۋەتىنىمىز قويندا ياشاپ كېلىۋاتقان ھەر مىللەت ئاياللار ئاممىسى پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، پارتىيەگە ئەگىشىپ ماڭىدۇ! شىنجاڭنىڭ كەسكىن مۇرەككەپ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاياللار باشتىن ـ ئاخىر قەتئىي ھالدا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ، ئاياللارنىڭ جەمئىيەت تۇرمۇشى ۋە ئائىلە تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىچە رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن «ئۈچ خىل كۈچ»كە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلدى! پامىر ئېگىزلىكىدىكى بۇرماقان مولدۇ 50 نەچچە يىلنى خۇددى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، چېگرا لىنىيەسىدىكى نۇرغۇن تاشقا «جۇڭگو» دېگەن ئىككى خەتنى ئويۇپ، سادىقلىق بىلەن ۋەتەننى سۆيۈش مۇھەببىتىنى ئىزاھلاپ چۈشەندۈردى؛ ئالتاي ۋىلايىتىدىكى ھەنىپە ئالماخۇن ئوخشاش بولمىغان مىللەتتىن بولغان ئون بالىنى بېقىۋېلىپ، چەكسىز مېھىر ـ مۇھەببىتىنىڭ ئىتتىپاقلىق ھېسسىياتىنى يېشىپ بەردى؛ خوتەن ۋىلايىتىدىكى توختىخان قۇربان ئائىلىسىدىكى تۆت ئەۋلاد قىزىل گىنغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۈيۈل تاشتەك چىڭ بولغان ۋەتەننى سۆيۈش ئىرادىسىنى نامايان قىلدى؛ ئىلى دەريا ۋادىسىدىكى گۇ شۇمېي ئۆزى بىر ئۆمۈر نامرات بولۇش بەدىلىگە 3000 شاگىرتنى بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇشنىڭ تەسىرلىك سەھىپىسىنى پۈتتى، ئۇلار مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاياللىرىنىڭ ئۈلگىسى، تېخىمۇ مۇھىمى شىنجاڭدىكى مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ھەر مىللەت ئاياللىرىنىڭ ئىنچىكە كۆرۈنۈشى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاياللار ئاممىسى ئۇلارغا ئوخشاش، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قەتئىي ھىمايە قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى قەتئىي ھىمايە قىلىپ، قەتئىي تۈردە پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىپ، پاكىتقا كۆز يۇمىدىغان، بۇرمىلاپ ئويدۇرۇپ چىقىرىدىغان، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىدىغان بارلىق رەزىل غەرەز ۋە سۇيىقەست، ھىيلە ـ نەيرەڭلەرگە قارشى قەتئىي ئاداققىچە كۈرەش قىلىدۇ!

ۋەتەن قويندا ياشاۋاتقان ھەر مىللەت ئاياللار ئاممىسى ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ! شىنجاڭنىڭ ئاياللار ئىشلىرى يېڭى جۇڭگونىڭ شانلىق قەدەمى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان. 70 يىلدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاياللار، ئاچا ـ سىڭىللار ئۆز تەقدىرىنى دۆلەتنىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ باغلاپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش داۋامىدا باتۇرلۇق بىلەن دەۋر دولقۇنلىرىدا مەزمۇت تۇردى، گۈزەل يۇرت ـ ماكان قۇرۇش داۋامىدا پايال تۆھپە قوشۇپ نەتىجە ياراتتى، جەمئىيەت ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش داۋامىدا ئاياللىق لاتاپىتىنى نامايان قىلدى، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش كۈرىشى داۋامىدا باتۇرلۇق بىلەن يۈكنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈردى، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت ئايال ئاچا ـ سىڭىللار ئۆزىنى ھۆرمەتلەپ، ئۆزىگە ئىشىنىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ، ئۆزىنى كۈچەيتىپ، ئائىلىدىن چىقىپ، زاۋۇتلارغا كىردى، جەمئىيەتكە سىڭىپ كىردى، زاۋۇتلارنىڭ ئاقما لىنىيەسىدە، ئىلمىي تەتقىقات يولىدا، ئۈچ چى كېلىدىغان دەرس مۇنبىرىدە، مۇلازىمەت كۆزنەكلىرىدە... ئۇلار ھەربىر ئادەتتىكى خىزمەت ئورنىدا ئاياللارنىڭ ئەرلەردىن قېلىشمايدىغان مەردانىلىقى ۋە ئۇلۇغۋار ئىرادىسىنى نامايان قىلماقتا. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئايال كادىرلار دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ، ھەر مىللەت ئائىلە بىلەن تۇغقان بولۇپ، چىن ھېسسىياتى، چىن نىيىتى، چىن قەلبى بىلەن، قان بىلەن گۆشتەك يۇغۇرۇلغان قېرىنداشلىق مېھرىنى ھەر مىللەت ئاچا ـ سىڭىللار ئارىسىغا سىڭدۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ مۇستەھكەم پولات سېپىلىنى بەرپا قىلدى.

شىنجاڭ ئەزەلدىن جۇڭگونىڭ زېمىنى، ئۇيغۇرلار جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ جۇڭگونىڭ شىنجاڭى، بارلىق جۇڭگو خەلقىنىڭ شىنجاڭى، شىنجاڭنىڭ بارلىق ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى. بۈگۈنكى كۈندە، ئامېرىكا ئاتالمىش كىشىلىك ھوقۇق بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، «قوش ئۆلچەم» ۋە زومىگەرلىك لوگىكىسى ئارقىلىق جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ جەمئىيەتنىڭ مۇقىم بولۇشىغا، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاق بولۇشىغا، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە بولغان گۈزەل ئارزۇسىنى بېتچىت قىلىشقا ئۇرۇندى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاياللار، ئاچا ـ سىڭىللار بۇنىڭغا قەتئىي قوشۇلمايدۇ. بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، ۋەتىنىمىز قۇدرەتلىك ئارقا تىرەك بولسىلا، شىنجاڭ خەلقىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان بارلىق سۇيىقەستلەر جەزمەن بېتچىت قىلىنىدۇ! بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك قەدىمىنى توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ!

ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىلاتى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئاياللار ئاممىسى بىلەن ئالاقىلىشىشتىكى كۆۋرۈك ۋە رىشتە بولۇپ، ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىلاتلىرى جەزمەن ئاياللارنى ئىدىيە ـ سىياسىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىدىغان سىياسىي مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، قەتئىي، كەسكىن ھالدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرى بويىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرما ـ تەلەپلىرىنى زىچ چۆرىدەپ، سىياسىيۋىلىكى، ئىلغارلىقى، ئاممىۋىلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئاياللار، ئاچا ـ سىڭىللارنى ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، كۆزىنى روشەنلەشتۈرۈپ، دۈشمەنگە قارشى بىر سەپتە تۇرۇپ، بىر نىيەتتە كۈچ چىقىرىپ، بايرىقى روشەن ھالدا كۈرەش قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانى ئۈچۈن ئاياللار كۈچىنى قوشۇشقا يېتەكلىشى كېرەك!

ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار بىرلەشمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى:

# ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىش شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ياشلار كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ ئەڭ زور كاپالىتى

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» ماقۇللاپ، شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا قەستەن داغ تەگكۈزۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىغا ھە دەپ قارا چاپلىدى، شىنجاڭدىكى كەڭ ئىتتىپاق ئەزالىرى، ھەر مىللەت ياشلار قاتتىق غەزەپلەندى، قەتئىي قارشى تۇردى!

شىنجاڭنىڭ ئىشىنىڭ ياخشى قىلىنغان ـ قىلىنمىغانلىقىدا ئامېرىكىنىڭ كەلسە ـ كەلمەس قول تىقىشىنىڭ ھاجىتى يوق، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئۆزىنىڭ دېگىنى ھېساب؛ شىنجاڭدا كىشىلىك ھوقۇق كاپالەتكە ئىگە ـ ئىگە ئەمەسلىكىدە ئامېرىكا سىياسەتۋازلىرىنىڭ قالايمىقان سۆزلىشىنىڭ ھاجىتى يوق. 2014 ـ يىلدىن 2018 ـ يىلغىچە، پۈتۈن شىنجاڭدا جەمئىي 2 مىليون 314 مىڭ 700 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، نامراتلىق يۈزبېرىش نىسبىتى 19.496%تىن 6.1%كە تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى 1 مىليون 889 مىڭ 500 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، نامراتلىق يۈزبېرىش نىسبىتى 29.1%تىن 10.9%كە تۆۋەنلىدى، بۇ تارىختا ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان غايەت زور ئۆزگىرىش؛ شىنجاڭنىڭ ساياھەتتە كۈتۈۋېلىنغان ئادەم سانى ۋە ئىستېمالدا ئۇدا ئۈچ يىل 30% ـ 40%لىك ئېشىش سۈرئىتى ساقلاندى، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى ئون ئېيىدا چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىن شىنجاڭغا ساياھەتكە كەلگەنلەر 200 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئېشىپ، نەچچە مىليون ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمىنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى. ھازىر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ياشلار پارتىيەنىڭ غەمخورلۇقىغا چۆمۈلۈپ، جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسى ئىلكىدە كەلگەن ئىللىقلىقنى ھېس قىلماقتا، ھەممە كەنتلەرگە تۇتاشتۇرۇلغان ئاسفالت يول، تۇرۇبا سۈيى، شەھەر ـ يېزىلارنى بىرتۇتاش پىلانلاش، ئومۇمىيۈزلۈك قاپلانغان ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى، ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۈچ يىللىق يەسلى مائارىپى، 12 يىللىق ئۇل مائارىپ تولۇق قاپلاش قاتارلىقلار، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش، ئىجتىمائىي كاپالەت قاتارلىق تۈرلۈك ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ياشلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىپ، ھەرقايسى ساھە، ھەرقايسى كەسىپلەردە جانلىنىپ، ياشلارنىڭ قىزغىنلىقى ۋە ئەقىل ـ پاراسىتى بىلەن تۆھپە قوشۇپ نەتىجە ياراتماقتا.

تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى تۈيۈق يولغا كىرىپ قالغان بىر تۈركۈم ياشلارنى قۇتقۇزۇۋېلىپ، ئۇلارنىڭ نورمال تۇرمۇشقا قايتىشىغا ياردەم بەردى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن بۇيان، خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تېررورىزم، ئەسەبىيزمنىڭ پۈتۈن يەر شارىدا يامرىشىنىڭ تەسىرىدە، چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ» مىللەت، دىننى دەستەك قىلىپ، ئاممىنىڭ ساددا مىللىي، دىنىي ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى ھە دەپ تارقىتىپ، ئاممىنى دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقىنى ئۆگىنىشكە قارشى تۇرۇشقا، ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتىنى ئۆگىنىش، ئىگىلەشنى رەت قىلىشقا، زامانىۋى ئىلىم ـ پەن بىلىملىرىنى چەتكە قېقىشقا، دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى، قانۇنلىرى بىلەن قارشىلىشىشقا سىجىل قۇترىتىپ، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ سىڭدۈرمىچىلىكى ۋە كونتروللۇقىدا، بەزى ياشلار نورمال تۇرمۇش ۋە قانۇننىڭ چەك ـ چېگراسىنى ئەقلىي پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولۇپ، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى، ئەسەبىيزم پائالىيەتلىرىگە قاتناشتى ياكى كۈشكۈرتۈلدى، مەجبۇرلاندى، قايمۇقتۇرۇلدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، شىنجاڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نىزامى» قاتارلىق قانۇن، قانۇن ـ نىزاملارغا ئاساسەن، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، ياردەم بېرىش ـ تەربىيەلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، قاراتمىلىق ھالدا دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى، كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ تەسىرى ۋە كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇپ، نورمال تۇرمۇشقا قايتىشىغا ياردەم بەردى. قېنى ئېيتىڭە، جۇڭگو پۇقرالىرى ئۆز دۆلىتىنىڭ ئورتاق تىل ـ يېزىقىنى ئۆگەنسە، ئىشلەتسە، كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز قىلغانلىق ۋە زۇلۇم قىلغانلىق بولامدۇ؟ جۇڭگو پۇقرالىرى قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق ـ مەنپەئەتنى يۈرگۈزۈپ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ـ قىلماسلىقنى ئەركىن تاللىسا، كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز قىلغانلىق ۋە زۇلۇم قىلغانلىق بولامدۇ؟ ئەجەبا، بەزى كىشىلەرنى زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتى يولىغا مېڭىشقا قويۇپ بەرسە، ھەتتا ھاياتى بەدەل تۆلەنسە، كىشىلىك ھوقۇقنى كاپالەتلەندۈرگەنلىك بولامدۇ؟

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ياشلار مەڭگۈ ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشى، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇشىدىكى سىياسىي قورالىغا ئايلىنىپ قالمايدۇ. ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ماقۇللىغان ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» 2003 ـ يىلى پوۋېل بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشىدە ئىراقنىڭ بىيوخىمىيەلىك قورالىغا ئائىت ئىسپاتنى كۆرسەتكەندە سويۇن پاراشوكىنى كۆتۈرۈۋالغىنىغا ئوخشاش ئۇسۇل بولۇپ، ھەممىسى ئوخشاشلا شەرمەندىچىلىك، تۇترۇقسىزلىق، ھەممىسى ئوخشاشلا ئامېرىكا زومىگەرلىكىنىڭ يولسىز رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئاشكارىلىدى. بىز شۇنى ئېنىق كۆرۈپ يەتتۇقكى، ئىراق، ئافغانىستان، سۈرىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئامېرىكا تەرىپىدىن «دېموكراتىيە» «كىشىلىك ھوقۇق»لاشتۇرۇلغاندىن كېيىن،

(ئاخىرى 8 ـ بەتتە)